دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشتىكى تۈپ كاپالەت

## ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى يەنە بىر قېتىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە بار بولغان روشەن ئەۋزەللىك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش، دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ـ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى.» مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ قېتىمقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشى دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۈچلۈك نامايان قىلدى، دەپ چوڭقۇر كۆرسەتتى، پەقەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، تۈزۈم كۈچىدىن پايدىلىنىپ خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا ماھىر بولساقلا، بىز چوقۇم تەكرار ـ تەكرار بېسىملارنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئوتتا تاۋلىنىپ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشەلەيمىز، دەپ تەكىتلىدى.

ئەمەلىيەت ئەڭ ياخشى سىنىتاش. بىر دۆلەت تۈزۈمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ـ بولمىغانلىقى، ئەۋزەل ياكى ئەۋزەل ئەمەسلىكىنى ئۆلچەشتىكى بىر مۇھىم تەرەپ ئۇنىڭ ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەر، خىرىس ئالدىدا، ھەممە تەرەپكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنى تەشكىللەپ ئورتاق تاقابىل تۇرالايدىغان ـ تۇرالمايدىغانلىقىدا. بۇ قېتىمقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىدە، بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇردۇق، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلدى، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە پەن ـ مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ھەر تەرەپ، ھەر ساھەلەر بىر گەۋدىلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى بايلىقلارنى قوزغاپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملىدى. ۋۇخەندىن چىقىدىغان، خۇبېيدىن چىقىدىغان يولنى كەسكىنلىك بىلەن تاقاپ، مىسلىسىز قاتتىق باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشنى يولغا قويۇشتىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، كۆلىمى مىسلىسىز بولغان ھاياتلىقنى كەڭ كۆلەمدە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشنى يولغا قويۇشقىچە، پەن ـ تېخنىكىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تىرەكلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ياردەم بېرىش ۋاقتى ئەڭ مەركەزلەشكەن، چېتىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان جىددىي خەلقئارا ئىنسانپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى قوزغاشقىچە... پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، ئىستىرېئولۇق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى تېزدىن شەكىللەندۈرۈلۈپ، ھەر تەرەپلىمە ئادەم كۈچى تەشكىللەش جېڭى، ماددىي ئەشياغا كاپالەتلىك قىلىش جېڭى، پەن ـ تېخنىكىدا جىددىي ھۇجۇمغا ئۆتۈش جېڭى، بايلىق ھەرىكەتچان جېڭى قانات يايدۇرۇلۇپ، جاپاغا چىداپ تىرىشىش ئارقىلىق، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىنىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىسى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا مېڭىلدى. خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەندەك: «دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمى ئاجايىپ تەشكىللەش، سەپەرۋەر قىلىش ئىقتىدارىغا، بىرتۇتاش پىلانلاش، ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىش، قىيىن ئىشلارنى قىلىش، جىددىي ئىشلارنى قىلىشتەك ئۆزگىچە ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ». بۇ قېتىمقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى يەنە بىر قېتىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمى، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ۋە روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپ، ھەر قانداق جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇ ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشالايدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ پۈتۈن يەرشارىدا كەڭ تارقىلىشى بۇ چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېزلىتىۋەتتى، دۇنيا داۋالغۇش، ئۆزگىرىش مەزگىلىگە كىردى، دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىيىتى مۇشكۈل، ئېغىر. بىز جەزمەن دۆلەت ئىچى سىرتىدىكى چوڭ ۋەزىيەتنى دىيالېكتىكىلىق تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى پەسەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، تۈزۈم كۈچ ـ قۇدرىتىدىن پايدىلىنىپ خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ قېتىمقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشى دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا نىسبەتەن بىر قېتىملىق مەركەزلىك سىناق بولۇپ، بىزگە شۇنداق چوڭقۇر ئىلھام بېرىدۇكى: تەرەققىيات مۇھىتى قانچە كەسكىن، مۇرەككەپ بولغانسېرى ئىسلاھاتنى شۇنچە قەتئىي تەۋرەنمەي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ـ ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇش، يۇغۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىسلاھاتنىڭ بۇسۇش ۋە باشلامچىلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھاتقا تايىنىپ ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەت ئېچىپ، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، تۈزۈم ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، چوڭقۇر قاتلاملىق تۈزۈلمە ـ مېخانىزم مەسىلىلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ھەل قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلەش كېرەك. ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى كەمتۈكلۈك، ئاجىز تۇرلەرنى تېزدىن تولۇقلاپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تۈزۈم كاپالىتىنى پۇختىلاش كېرەك.

دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشى تۈزۈمگە باغلىق، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكى ئىدارە قىلىشقا باغلىق. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى خەۋپ ـ خەتەر، خىرىس ئالدىدا، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، بوران ـ چاپقۇن توسالمايدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتا تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ـ ئىقتىدارىغا تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرساقلا، بىز چوقۇم بارلىق جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە قاراپ ماڭالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، ئاممىلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇردى ـــ

# جاپالىق ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، قەتئىي ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

نەچچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كادىرلار، ئاممىلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، جاپالىق ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، قەتئىي ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا بەل باغلىدى.

ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، بوزدۆڭ قىرغىز يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يېزا باشلىقى ئايپۇلات ئىسمائىل مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى پائال ھەل قىلىپ، نامرات ئاممىنىڭ ھوسۇلنى ئاشۇرۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملاشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىمىز.

«باش شۇجىنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا ئوتتۇرىغا قويغان ئېنىق تەلىپىنى تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتىمىز.» سانجى دۆلەت يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاۋ شياۋۋېي مۇنداق دېدى: سانجى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى بۇ يىلنىڭ قېپقالغان ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، كەسىپلەرنى ئىلمىي پىلانلاپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، كەسىپلەرنىڭ توپلىنىشى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئاممىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشىدۇ.

«باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى بىزنىڭ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزدىكى تۈپ مىزان، بىز يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قەتئىي قەرەلىدە قولغا كەلتۈرىمىز. چاقىلىق ناھىيەسى ۋاشىشەرى بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بازار باشلىقى ئوسمان تۇردى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېقىندا، بازىرىمىز پارتىيە ـ ئاممىا خىزمىتى مۇلازىمەت ئەترىتىدىن بىرنەچچىنى قۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ قىيىنچىلىقلىرىنى ئىگىلەپ، تىرىشىپ چارە تېپىپ، تۇرغۇ ئايرىپ تەدبىر قوللىنىپ ھەل قىلدى. مۇشۇ ئاساستا، ۋاشىشەرى بازىرى گەۋدىلىك مەسىلە ۋە ئاجىز ھالقىلارنى نىشانلاپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇش قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەڭ ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرىدۇ.

«باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى مېنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى. كەنتتىكى 1 ـ شۇجى بولۇش سۈپىتىم بىلەن يول تېپىش، مەبلەغ توپلاش، تېخنىكا جەھەتتە ياردەم بېرىشتىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىمى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىدىيەسىنى، يەنى ‹مېنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇر›نى ‹مەن نامراتلىقتىن قۇتۇلىمەن›گە ئۆزگەرتىشكە ياردەم بەردىم.» ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىدىن لوپ ناھىيەسىنىڭ چارباغ يېزىسى باش سوغاققۇم كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى ئۆمەر رەجەپ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: ئەسلىدىلىك يېزا ئىگىلىكى، يەم ـ خەشەك ئۆلگە بازىسى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، نامرات كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىمەن.

«يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى پارتىيەمىزنىڭ خەلق بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان، ھايات ـ ماماتتا بىللە بولىدىغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلىغانلىقىنىڭ جانلىق ئىپادىسى.» يەكەن ناھىيەسىدىكى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىكى 10 مىڭ مولۇق پارنىك بازىسىدا، دېھقانلارنىڭ بېيىش باشلامچىسى يۇنۇس يۈسۈپ مۇنداق دېدى: كەنتتە پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرىدىغان دېھقانلار بارغانسېرى كۆپەيدى، «كەنت ئاھالىلىرى پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈپ ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتى، مەن پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈش كەسپىنى داۋاملىق زورايتىپ، كۈچەيتىپ، كۆپچىلىكنى بىرلىكتە بېيىش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلەيمەن».

**(مۇخبىرلار شيا چېڭ، گې يۈۋجۈن، خەن چىنيەن، قاتناشقان مۇخبىرلار خوتەن مۇخبىرلار پونكىتىدىن شى يىڭيىڭ، بايىنغولىن ئوبلاستى مۇخبىرلار پونكىتىدىن ياڭ شياۋدۇڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلار پەن تىڭ، سۇڭ خۇامىن )**

# ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە سىگنالىنى سىناق تەرىقىسىدە بېرىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە قانۇنى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە سىگنالىنى سىناق تەرىقىسىدە بېرىش ۋاقتىلىق بەلگىلىمىسى»گە ئاساسەن، دۆلەت مۇداپىئە تەربىيەسى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى قارىشىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاۋا مۇداپىئەسى ئېڭىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 2020 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سائەت 12دە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى نۇقتىلىق شەھەرلىرىدە بىرتۇتاش ھاۋا مۇداپىئە سىگنالىنى سىناق تەرىقىسىدە بېرىشنى بېكىتتى. ھازىر ئالاقىدار ئىشلارنى تۆۋەندىكىدەك ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىمىز:

**بىرىنچى، سىگنال بېرىش ۋاقتى**

2020 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 12:00دىن سائەت 12:19غىچە.

**ئىككىنچى، سىگنال بېرىش تۈرى**

ئالدىن سىگنال: 36 سېكۇنت بېرىلىپ، 24 سېكۇنت توختايدۇ، ئۈچ قېتىم تەكرارلاش بىر دەۋر قىلىنىدۇ (ۋاقتى ئۈچ مىنۇت )؛

ھاۋا ھۇجۇمى سىگنالى: ئالتە سېكۇنت بېرىلىپ، ئالتە سېكۇنت توختايدۇ، 15 قېتىم تەكرارلاش بىر دەۋر قىلىنىدۇ (ۋاقتى ئۈچ مىنۇت)؛

سىگنالنى بىكار قىلىش: ئۇدا ئۈچ مىنۇت سىگنال بېرىلىدۇ.

ھەربىر تۈردىكى سىگنالنىڭ ۋاقىت ئارىلىقى بەش مىنۇت بولىدۇ.

**ئۈچىنچى، سىگنال بېرىش دائىرىسى**

ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى، كۈيتۇن شەھىرى، قاراماي شەھىرى، غۇلجا شەھىرى، كورلا شەھىرى، چۆچەك شەھىرى، قومۇل شەھىرى، تۇرپان شەھىرى، ئاقسۇ شەھىرى، قەشقەر شەھىرى، بورتالا شەھىرى، خوتەن شەھىرى، ئاتۇش شەھىرى، ئالتاي شەھىرى، شىخو شەھىرى.

بارلىق پۇقرالار خەلق ھاۋا مۇداپىئە سىگنالى تۈردىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە پىششىق بىلىشكە دىققەت قىلىپ، نورمال تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەت تەرتىپىنى ساقلىشى كېرەك.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى**

**2020 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىرىك پىلان قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، شىنجاڭ زىجىڭ جۈەنسو يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق يېزا ئىگىلىكى پاي چەكلىك شىركىتى، بىڭتۇەن 8 ـ شىسى، شىخەنزە شەھەرلىك جياۋمىنلار بىرلەشمىسى ئائىلىسى، تەيۋەن مەبلىغىدىكى كارخانا ۋاڭۋاڭ گۇرۇھى شىنجاڭ سانائەت باغچىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ھەم ئىككى مەيدان سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى، بىڭتۇەن پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى، شىنجاڭدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى.

خۇاڭ جىشيەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۇكسەك باھا بەردى، تەيۋەنگە قاراتقان خىزمەتلەر ۋە تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، بىڭتۇەن پارتىيە كومىتېتى تەيۋەنگە قاراتقان خىزمەتلەر ۋە تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بەردى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەم بىرلىك سەپ، تەيۋەنگە قاراتقان خىزمەت تارماقلىرى يۇكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان خىزمەتلەر توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمەت چوڭ ۋەزىيىتىگە قەتئىي بويسۇنۇپ، مۇلازىمەت قىلىپ، تەيۋەنگە قاراتقان خىزمەتلەردە ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى خىزمەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇنى قوللاپ، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى شىنجاڭدا تالانتىنى نامايان قىلىش، پائال نەتىجە يارىتىشقا ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلدۇردى. كەڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بۇ مۇنبەت تۇپراقتا يىلتىز تارتىپ كۈرەش قىلىپ، ئېغىر ۋەزىپىنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى.

خۇاڭ جىشيەن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى تەشكىلاتىنىڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىلەن كەڭ دائىرىدە ئالاقە باغلاشتەك خاس ئەۋزەللىكىنى داۋاملىق ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭ ـ تەيۋەن ئىككى جاينىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ، تېخىمۇ كۆپ تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ، كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىدۇ؛ شىنجاڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتكە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنى قوللاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەيۋەنگە قاراتقان ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى پائال تەشكىللەپ، ئۆلكىلىك، شەھەرلىك تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيەتلىرى ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى كادىرلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىدۇ، قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى ۋە بىڭتۇەن تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىدىكى كادىرلار، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى كېڭەش ئەزالىرىنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان خىزمەتلەر توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى، بولۇپمۇ «تەيۋەنلىك قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتنامە» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان خىزمەتلەر توغرىسىدىكى زور سىياسەت ـ فاڭجېنلىرى ۋە تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ كۆۋرۈكلۈك، ۋاسىتىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى خىزمىتىدە يېڭى نەتىجە ـ ئۇتۇقنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شىنجاڭدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان كەڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، تارىختا ۋارىسلىق قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ياش تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈشى، يۇرتنى سۆيۈشىگە تەسىر كۆرسىتىپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن سو يۆ، كۇڭ شىڭلۇڭ يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.